# ئىستىقلال ئاۋازى

ئاۋغۇست 2024
ئومۇمىي 49 - سان

## خىتاي «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ساياھىتى»نى كۈچەيتمەكتە



ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق يەنە بەش خىتاي شىركىتىگە جازا يۈرگۈزۈلدى

7-بەت

تۈركىيە پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى دىققەت تارتتى

27-بەت

خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا

35-بەت

ISTIQLAL




## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق

ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.



# ISTIQLAL


**باش مۇھەررىر**

ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

**خەۋەر تەييارلىغۇچى**

ئابدۇخەبەر رەجەپ

**تەھرىر**

ي. قۇرۇم

**لايىھەلىگۈچى**

ئا. ئوغۇز

**كارىكاتۇر**

رادۋا ئادىل

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن**

شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات
ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

**نەشر تۈرى**

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**ئادرېس**

Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL

# مۇندە


1 ئامېرىكا يېڭى ئىستراتېگىيەسىدە خىتاينى ئەڭ چوڭ ئىستىخبارات تەھدىتى دەپ بېكىتتى

3 ئۈرۈمچى بىلەن ئىستانبۇل ئارىسىدىكى ھاۋا لىنىيەسى قايتا ئېچىلماقچى

5 شەرقىي تۈركىستاندىكى تىببىي خادىملارنىڭ «ئەزا كۆچۈرۈش ئۆۋسى»نى زىيارەت قىلىشى دىققەت قوزغىدى

7 ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق يەنە بەش خىتاي شىركىتىگە جازا يۈرگۈزۈلدى

9 خىتاي «قەشقەر ئەركىن سودا رايونى»دىن زور مەنپەئەتكە ئېرىشمەكتە

11 شەرقىي تۈركىستاننىڭ توكىنى خىتايغا توشۇش قۇرۇلۇشلىرى داۋاملىق كۆپەيتىلمەكتە

13 خىتاي جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا خەلق ئىچى سەنئەتى پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇردى

15 خىتاينىڭ ئالاقىدار تەدبىرلىرى نوپۇس كىرىزىسىنى ھەل قىلىشقا ئاجىز كەلمەكتە

17 تۈركىيە ۋە ياۋروپادا ئۇيغۇرلارنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى باشلاندى

21 خىتاي مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئاسىيا، ياۋروپا ئەللىرىگە داۋاملىق يوللىماقتا

23 خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنى ئاتالمىش «جىنايەت يىپ ئۇچى» تەمىنلەشكە مەجبۇرلىماقتا

25 ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى خاتىرىلەندى

27 تۈركىيە پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى دىققەت تارتتى

29 خىتاينىڭ ئەڭ يېڭى تۆھمەتلىرىگە قارشى بايانات ئېلان قىلىندى

31 ئىستانبۇلدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

35 خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا

39 ئۇيغۇر ۋەكىلى «ئىسلام دۇنياسى ياشلار ئۇچرىشىشى»دا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تونۇشتۇردى

41 ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر مەھەللە ئويۇنلىرى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

43 ئامېرىكا يەنە بىر تۈركۈم خىتاي شىركەتلىرى ۋە شەخسلەرنى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزدى

47 ئۇچىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل دالا پائالىيىتى باشلاندى

45 كانادا خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىدىن 100% باج ئالماقچى

49 ب د ت شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتنىڭ يېڭىلانغان نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى

48 خەلقئارالىق تەشكىلات خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى جىنايەتلىرىنى توسۇشقا چاقىرىق قىلدى





















# ئامېرىكا يېڭى ئىستراتېگىيەسىدە خىتاينى ئەڭ چوڭ ئىستىخبارات تەھدىتى دەپ بېكىتتى

**خىتاي ۋە رۇسىيەنىڭ ئامېرىكىغا قارشى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرىقىدە جاسۇسلۇق تەھدىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقى تەكىتلەنمەكتە.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 2-ئاۋغۇست خەۋەر قىلىشىچە، يېڭى تەستىقلانغان جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا چەت ئەل جاسۇسلۇق ئورگانلىرىدىن ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرىقىدە بىر قاتار تەھدىتلەرگە دۇچ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بەزى چەت ئەل ئىستىخبارات ئورگانلىرى ھەمكارلىقنى بارغانسېرى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشكە باشلىغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن 1-ئاۋغۇست ئىمزالىغان «دۆلەتنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى ئىستراتېگىيەسى»دە رۇسىيە، خىتاي، ئىران ۋە شىمالىي كورىيەنى

ئاساسلىق جىنايەتچىلەر دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە رۇسىيە بىلەن خىتاينى «ئەڭ ئېغىر ئىستىخبارات تەھدىتى» دەپ بېكىتكەن. ئەمما بۇ ھۆججەتتە خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ تېخىمۇ كۆپ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلەرنى قوزغاۋاتقانلىقى، ھەتتا ئامېرىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ھەمكارلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن.

ھۆججەتتە ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق رەقىبلىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكى، بۇ سەۋەبلىك ئۇلار شەكىللەندۈرگەن تەھدىتنىڭ تېخىمۇ زورايغانلىقى تەكىتلەنگەن. ھۆججەتتە يەنە: «خىتاي، رۇسىيە ۋە ئىراننىڭ نۆرغۇن ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى يەنىلا بايقالماي قالدى» دېگەنلەر قوشۇمچە قىلىنغان.

شىركەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان ۋە شۇنداقلا خىتاينى ئوتتۇرا شەرق ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى شىركەتلەر ئارقىلىق يالغان ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىش، باشقا دۆلەت ۋە خەلقلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن ئەيىبلىگەن.

**بۇ ھۆججەتتە خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ تېخىمۇ كۆپ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلەرنى قوزغاۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن.**






# ئۈرۈمچى بىلەن ئىستانبۇل ئارىسىدىكى ھاۋا لىنىيەسى قايتا ئېچىلماقچى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشنى كۈچەيتىش بىلەن تەڭ توختىتىلغان ئۈرۈمچى-ئىستانبۇل ھاۋا لىنىيەسى ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتا ئېچىلماقچى.





خىتاي كوندىلىك گېزىتىنىڭ 2-ئاۋغۇست خەۋەر قىلىشىچە، بۇ يىل 17-ئاۋغۇستتىن باشلاپ، خىتاي جەنۇب ئاۋىياتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچى بىلەن ئىستانبۇل ئارىسىدا بىۋاستە ئۇچۇش لىنىيەسىنى ئاچىدىكەن. بۇ سەككىز يىل توختاپ قالغاندىن كېيىن ئىككى شەھەر ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم مۇنتىزىم بىۋاستە ئۇچۇشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۈرۈمچى بىلەن ئىستانبۇل ئارىسىدىكى يولۇچى ئايروپىلانى ھەر شەنبە بىر قېتىم ئۇچىدىغان بولۇپ، بىر تەرەپلىك ئۇچۇش ۋاقتى تەخمىنەن يەتتە سائەت ئىكەن، بېرىش-كېلىشتە 500 دىن ئارتۇق يولۇچىنى توشۇيدىكەن.




سەككىز يىل ئىلگىرى خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، قاتتىق باستۇرۇش ئارقىلىق سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېجرا قىلىشنى كۈچەيتىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ جەرياندا خىتاي ئۈرۈمچى بىلەن ئىستانبۇل ئارىسىدىكى ھاۋا قاتنىشىنى توختاتقانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياستى سەۋەبلىك بەزى غەرب ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي جازاسىغا دۇچ كەلگەن خىتاي تۈركىيەگە بىر قىسىم ساھەلەردە زور مەبلەغ سالغان بولۇپ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى بارغانسېرى كۈچەيتكەن.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاش ئۈچۈن، مۇھاجىرەتتىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قايتىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىۋاتقان بىر پەيتتە، ئۈرۈمچى-ئىستانبۇل ھاۋا لىنىيەسىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى دىققەت قوزغىماقتا.



# شەرقىي تۈركىستاندىكى تىببىي خادىملارنىڭ «ئەزا كۆچۈرۈش ئۇۋۇسى»نى زىيارەت قىلىشى دىققەت قوزغىدى

**خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىدىن بىرى بولغان مەجبۇرىي ئىچكى ئەزا يىغىۋېلىش جىنايىتى يېقىنقى يىللاردا قاتتىق ئەيىبلىنىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تىببىي خادىملارنىڭ گۇاڭشى ئۆلكىسىدىكى «ئەزا كۆچۈرۈش ئۇۋۇسى»غا ئۆگىنىشكە بېرىشى دىققەت قوزغىماقتا.**

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 7-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەزا كۆچۈرۈش بۆلۈمىدىكى ئالاقىدار تىببىي خادىملارنى ئېلىپ، گۇاڭشى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراشلىق 2-دوختۇرخانىغا زىيارەتكە بارغانلىقى، ئۇلار بۇ جەرياندا ئەزا تەقدىم قىلىش ۋە كۆچۈرۈشنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى، ئەزا كۆچۈرۈش بۆلۈملىرىنىڭ مەشغۇلات ئەندىزىسى ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش خىزمەتلىرى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرغانلىقى قەيت قىلىنغان.

زىيارەت جەريانىدا گۇاڭشى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 2-دوختۇرخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئەزا كۆچۈرۈش تېخنىكىلىرى ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلىرىنى تونۇشتۇرغاندىن سىرت، ئۆز دوختۇرخانىسىنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئەۋزەل بايلىق»نى بىرلەشتۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى، ئىككى دوختۇرخانا ئەزا كۆچۈرۈش جەھەتتە ھەمكارلىق ئورنىتىشقا ئۇل سالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، گۇاڭشى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراشلىق 2-دوختۇرخانا مەخسۇس ئەزا كۆچۈرۈش تەتقىقاتىغا مەركەزلەشكەن، بۇ جەھەتتە خىتايدا ئېتىراپقا ئېرىشكەن دوختۇرخانا بولۇپلا قالماي، يەنە 2016-يىلى خىتايدا تۇنجى بولۇپ ئىنستىتۇت دەرىجىلىك ئەزا تەقدىم قىلىش باشقۇرۇش مەركىزىنى قۇرۇپ چىققان. مەزكۇر دوختۇرخانىنىڭ يىللىق ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيە سانى خىتاي بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر ۋە فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى مەجبۇرىي ئېلىۋېلىپ قىرغىن قىلىشى، بۇ ئارقىلىق غايەت زور كىرىم قىلىشى قاتتىق تەنقىدكە ئۇچراپ كېلىۋاتقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇرلار بۇ ۋەھشىيانە جىنايەتنىڭ ئاساسلىق نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان.

ئەنگلىيە خەلق سوتى 2019-يىلى ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ۋە فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سېتىپ، زور كۆلەملىك ئورگان سودىسى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئاشكارىلىغانىدى. 2021-يىلى 6-ئايدا ب د ت نىڭ ئوندىن ئارتۇق ئىنسان ھەقلىرى مۇتەخەسسىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرى، تىبەتلەر، مۇسۇلمانلار ۋە خىرىستىيانلارغا قارىتىلغان ئەزا ئوغرىلاش جىنايىتى ھەققىدە باياناتى ئېلان قىلىپ، بۇ جىنايەتلەرنى ئىسپاتلايدىغان ئىشەنچلىك ئۇچۇرغا ئېرىشكەنلىكىنى تەكىتلىگەنىدى.

> ***خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ۋە فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سېتىپ، زور كۆلەملىك ئورگان سودىسى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئاشكارىلىغانىدى.***



# ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگەكگە چېتىشلىق يەنە بەش خىتاي شىركىتىگە جازا يۈرگۈزۈلدى

**ئامېرىكا 8-ئاۋغۇست يەنە بەش خىتاي شىركىتىدىن مەھسۇلات ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەنلىكىنى جاكارلىغان بولۇپ، بۇ شىركەتلەر ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش بىلەن ئەيىبلەنگەن.**

مەزكۇر شىركەتلەر قاتارىدىن مەركىزى خوڭكوڭدا بولغان سىيرەك تۇپرا ماگنىتى ئىشلەپچىقىرىدىكەن. قالغان ئۈچ شىركەت بولسا زىجىن كانچىلىق گۇرۇھىنىڭ تارماق شىركىتى بولغان، رەڭلىك مېتال قازىدىغان ئاتالمىش «شىنجاڭ» قابا ناھىيەسى ئاشىلى مىسچىلىق چەكلىك شىركىتى، قەشقەر بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى ۋە قۇمۇلدىكى ئاتالمىش «شىنجاڭ»

تېكىستىياك ماگنىي مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتى ئىكەن.

مەزكۇر شىركەتلەر ئامېرىكىنىڭ «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»غا ئاساسەن جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا چېتىشلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئامېرىكىغا ئىمپورت قىلىش چەكلىنىدىكەن.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ سىياسەت ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى، مىنىستىرلىقلار ئارا مەجبۇري ئەمگەك مەسىلىسىنىڭ قانۇنىي ئىجرا ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى روبېرت سىلۋېرس دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ پەيشەنبە ئېلان قىلغان باياناتىدا: «بىز بۈگۈنكى قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق، ئامېرىكىنىڭ مەجبۇري ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكا تەمىنلەش زەنجىرىگە كىرىشىگە يول قويماسلىققا كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدۇق. شىركەتلەر چوقۇم تەكشۈرۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى ئېنىق بولۇشى كېرەك» دېدى.




«ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى» ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى ئىككى پارتىيەنىڭ قوللىشى، پرېزىدېنت جوۋ بايدېننىڭ ئىمزالىشى بىلەن 2022-يىلى 6-ئايدىن تارتىپ رەسمىي ئىجرا قىلىنىپ كەلمەكتە. چەكلىمە تىزىملىكى ھازىرغا قەدەر 70 نەچچە تۈرلۈك مەھسۇلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

> **«شىركەتلەر چوقۇم تەكشۈرۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى ئېنىق بولۇشى كېرەك»**

# خىتاي «قەشقەر ئەركىن سودا رايونى»دىن زور مەنپەئەتكە ئېرىشمەكتە




**خىتاي بۇلتۇر شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە قۇرغان، مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق بولغان «ئەركىن سودا سىناق رايونى» ئارقىلىق زور ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشمەكتە.**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 8-ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە 5-مەيدان ئاتالمىش «شىنجاڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇش» تېمىلىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىن جەريانىدا قەشقەردىكى ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

خىتاي ئەمەلدارلىرى قەشقەر ئەركىن سودا سىناق رايونى، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى، قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى، قەشقەر چېگرا ھالقىغان ئېلېكتىرونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال سىناق رايونىدىن ئىبارەت «تۆت رايون گىرەلىشىش» ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، تىجارەتچىلەرنى جەلپ

قىلغانلىقى ھەققىدە ماختانغان.

خەۋەردە ئالدىنقى يېرىم يىلدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 56 مىليارد 432 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 67.2% ئاشقانلىقى، قەشقەر ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ ھازىرغا قەدەر 2000 دىن ئارتۇق كارخانىنى جەلپ قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

خەۋەردە يەنە قەشقەر ۋىلايىتىدە قونجىراپ، قاراسۇ، تورغات، ئەركەشتام ۋە قەشقەر ئاۋىياتسىيەسى قاتارلىق سەككىز دۆلەتكە تۇتىشىدىغان بەش چېگرا ئېغىزى بارلىقى، قەشقەرنىڭ ختايغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم تايىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكى، ختاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا ياۋروپاغا كىرىشىدىكى خەلقئارا ئالتۇن يولى ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

ختاي رېجىمى بۇلتۇر 11-ئايدا قەشقەر ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان شىركەت كارخانىلارغا ئىجازەتنامە تارقىتىپ بەرگەندى. شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان ختاينىڭ بۇ ھەرىكىتى گۇمان قوزغىغان بولۇپ، بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «ئەركىن سودا رايونلىرى»نىڭ يېڭى نۇسخىدىكى جازا لاگېرلىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەندى. ئالىي تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزمۇ قەشقەردىكى ئەركىن سودا رايونىغا ئورۇنلاشقان ھەرقانداق شىركەتنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەندى.

***ئالىي تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزمۇ قەشقەردىكى ئەركىن سودا رايونىغا ئورۇنلاشقان ھەرقانداق شىركەتنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەندى***



# شەرقىي تۈركىستاننىڭ توكىنى خىتايغا توشۇش قۇرۇلۇشلىرى داۋاملىق كۆپەيتىلمەكتە

**خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق خىتايدىكى توك قىسلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان ئېنېرگىيە بايلىقىنى خىتايغا توشۇش ئۈچۈن توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى داۋاملىق كۆپەيتمەكتە.**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 9-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدە قومۇل-چۆچەك ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش تورىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇلىغا بېتون قۇيۇشىنىڭ 100% تاماملانغانلىقى، شەرقىي تۈركىستاندىكى بۆلىكىنىڭ ئۆتكۈزگۈچ سىمنى تارتىش باسقۇچىغا ئومۇميۈزلۈك كىرگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، قومۇل-چۆچەك ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك

يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى خىتاينىڭ «14-بەش يىللىق پىلانى»دا بېكىتىلگەن 102 تۈرلۈك چوڭ قۇرۇلۇشنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ توكنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يەتكۈزۈشتىكى 3-تۈراقلىق توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى ئىكەن. مەزكۇر قۇرۇلۇش قومۇلدىن باشلىنىپ، خىتاينىڭ چۇڭچىڭ شەھرىنىڭ يۈبېي رايونىدا ئاخىرلىشىدىكەن. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2290 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ قۇرۇلۇشقا 28 مىليارد 600 مىليون يۈەن ھەرىكەتچان مەبلەغ سېلىنغان.

مەلۇم بولۇشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا شەرقىي تۈركىستاندىن سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارى 59 مىليارد 274 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكەن بولۇپ، كۆنگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سىرتقا يەتكۈزگەن توك مىقدارى 327 مىليون كىلوۋات سائەت بولغان.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك بايلىقلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا تېز سۈرئەت ۋە كەڭ كۆلەمدە داۋاملاشماقتا.





# خىتاي جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا خەلق ئىچى سەنئىتى پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇردى

**خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ساختا تەشۋىقاتلىرىنى داۋاملىق كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئاينىڭ ئاخىرىغا شەرقىي تۈركىستاندا تۇنجى نۆۋەتلىك «خەلق ئىچى سەنئىتى پەسلى» ئورۇنلاشتۇرغان.**

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 9-ئاۋغۇست بېيجىڭدا بۇ توغرۇلۇق مەخسۇس ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلغان بولۇپ، خىتاي مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت» ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسىنىڭ مەزكۇر تۈرگە بىرلىكتە مەسئۇل بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، تۇنجى نۆۋەتلىك «خەلق ئىچى سەنئىتى پەسلى»نىڭ باشلىنىش مۇراسىمى 20-ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلىدىكەن. باشلىنىش پائالىيىتىدە خىتاينىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى خەلق ئىچى سەنئەت نومۇرلىرى، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقىغا بىۋاستە قاراشلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەھنە تىياتىرلىرى كۆرسىتىلىدىغان بولۇپ، كۆرگەزمە، يېمەك-ئىچمەك بازىرى قاتارلىق تۈرلەرمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن.

مەزكۇر پائالىيەتكە ئاتالمىش «ئانار گۈللىرى ئېچىلىپ، ئورتاق ئارزۇ ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شادلىققا چۆمگەن

تۈپراق جۇڭخۇانى نۇرلاندۇردى» دېگەن تەشۋىقات شوئارلىرىنىڭ باش تېما قىلىنىشى ۋە «داپ چېلىپ ناخشا ئېيتايلى» دەپ ئومۇمىي نام بېرىلىشى بۇنىڭ پەقەت خىتاينىڭ يەنە بىر قېتىملىق ساختا تەشۋىقات پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

خىتاي يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، بايراملىرىنى كۆزدىن يوقىتىشقا، خىتاي مەدەنىيىتىنى زورلاپ تېڭىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. بۇ قېتىملىق پائالىيەتمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاش، خىتاي ئاققۇنلىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ جەلپ قىلىش ھەرىكەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.



# خىتاينىڭ ئاللاقىدار تەدبىرلىرى نوپۇس كىرىزىسىنى ھەل قىلىشقا ئاجىز كەلمەكتە



خىتاي نۆۋەتتە نوپۇس ئازىيىش ۋە قېرىش نىسبىتىنىڭ ئېشىشىدىن ئىبارەت قوش كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن بولۇپ، تۈرلۈك ئىلھاملاندۇرۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئىقتىسادىي چېكىنىش قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توي قىلغۇچىلارنىڭ سانى داۋاملىق تۆۋەنلەپ ماڭغان.

خىتاي خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى 2-ئاۋغۇست 2024-يىللىق 2-پەسىللىك سانلىق مەلۇماتلارنى ئېلان قىلغان. كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا خىتايدا ئۈچ مىليون 430 مىڭ كىشى توي قىلىشقا تىزىملاتقان بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12.7% ئازايغان. 2019-يىلدىن باشلاپ خىتايدا توي قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئۇدا بەش يىل تۆۋەنلىگەن بولۇپ، بۇ يىل يەنە يېڭى رېكورت يارىتىلغان. ئانالىزچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ سۈرئەت بويىچە ھېسابلىغاندا بۇ يىل خىتايدا توي قىلغۇچىلارنىڭ سانى 1980-يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئاز بىر يىل بولۇپ قالىدىكەن.

خىتاي رېجىمى نوپۇس كرىزىسىنىڭ ھەل قىلىش ئۈچۈن، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، پەرزەنت سانى چەكلىمىسىنى بىردىن ئۈچكە چىقارغانىدى. شۇنداقلا بالدۇر توي قىلىشقا، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، بالدۇر توي قىلغانلارنى نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش، تۇغۇت تولۇقلىما پۇلى بېرىش، تۇغۇت دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئۇزارتىش قاتارلىق تۈرلۈك تەدبىرلەرنى يولغا قويغانىدى. بۇ تەدبىرلەر خىتايدىكى نوپۇس تۆۋەنلەش يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتەلمىگەن.



ھالبۇكى، خىتاي ئۆز نوپۇسىنى كۆپەيتىشكە ئۇرۇنۇش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، مەجبۇرىي بالا چۈشۈرگۈزۈش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ئاۋستىرالىيە ئىستىراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى (ASPI) 2021-يىلى ئېلان قىلغان بىر دوكلاتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس يوقىتىش جىنايىتى نەتىجىسىدە، تۇغۇلۇش نىسبىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تۆۋەنلىگەنلىكىنى، 2017-يىلدىن 2019-يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ 48.74% تۆۋەنلىگەنلىكىنى، بۇنىڭ سۈرىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش ياكى رىۋاندا ۋە كامبودژا ئىرقىي قىرغىنچىلىقى مەزگىلىدىكى نوپۇس تۆۋەنلەشتىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.



# تۈركىيە ۋە ياۋروپادا ئۇيغۇرلارنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى باشلاندى

تۈركىيەدە 7-نۆۋەتلىك «ھۇررا لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسى ۋە ياۋروپادا 5-نۆۋەتلىك «شەرقىي تۈركىستان ئەركىنلىك لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسى باشلاندى.





12-ئاۋغۇست ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان سەفاكۆي رايونىدا 7-نۆۋەتلىك «ھۆررا لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. «ھۆررا لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسىنى شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، مۇراسىم ئىستىقلال مارشى بىلەن باشلاندى.

كوماندا ئەزالىرىنىڭ پاراتتىن ئۆتۈش مۇراسىمىدىن كېيىن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى رەئىسى ئىمام ھەسەن ئۆزتۈرك قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، تەبرىكلىرىنى بىلدۈردى.

مەزكۇر مۇسابىقىگە جەمئىي 12 كوماندا تىزىملاتقان بولۇپ، ھەر قېتىملىق مۇسابىقىلەر ئۇيغۇر تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشلىرى ۋە مەدەتلىرى بىلەن قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلدى. 24-ئاۋغۇستقىچە داۋاملاشقان گۇرۇپپا مۇسابىقىلىرى ۋە شاللاش مۇسابىقىلىرىدىن كېيىن ئەينەك كوماندىسى بىلەن بۇغرا كوماندىسى ئۈچىنچىلىكنى تالىشىشقا، ئىلى مەشرەپ كوماندىسى بىلەن ئوقۇ ئۇيغۇر كوماندىسى چېمپىيونلۇقنى تالىشىشقا تاللاندى. نەتىجىدە بۇغرا كوماندىسى ئۈچىنچىلىككە، ئىلى مەشرەپ كوماندىسى ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى، ئوقۇ ئۇيغۇر كوماندىسى 7-نۆۋەتلىك «ھۆررا لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولدى.



مۇسابىقىدىن كېيىن تەشكىلات مەسئۇللىرى، جامائەت ئەربابلىرى كوماندا ئەزالىرىغا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى. مۇسابىقىنىڭ چېمپىيونى ئوقۇ ئۇيغۇر كوماندىسىدا لوڭقا، مېدال ۋە 12 مىڭ لىرا نەق پۇل مۇكاپات




بېرىلدى. ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن ئىلى مەشرەپ كوماندىسىغا لوڭقا، مېدال ۋە 8000 لىرا نەق پۇل مۇكاپات بېرىلدى. ئۈچىنچى بولغان بۆغرا كوماندىسىغا لوڭقا، مېدال ۋە 6000 لىرا نەق پۇل مۇكاپات بېرىلدى.

ئۇندىن باشقا بىر قىسىم ماھىرلارمۇ ئايرىم مۇكاپاتلانغان بولۇپ، ئەينەك كوماندىسىدىن سەردار بۇ يىللىق مۇنەۋۋەر پۇتبولچى، ئىلى مەشرەپ كوماندىسىدىن مۇستاپا مۇنەۋۋەر ۋاراتار، ئوقۇ ئۇيغۇر كوماندىسىدىن ئابدۇراھمان مۇنەۋۋەر ياش پۇتبولچى، تۇغلۇق كوماندىسى بولسا مۇنەۋۋەر يېڭى كوماندا بولۇپ باھالاندى.

ئۇندىن باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئىككى يىلدا بىر قېتىم داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، بۇ يىل 5-قېتىمغا قەدەم قويغان «شەرقىي تۈركىستان ئەركىنلىك لوڭقىسى» پۇتبول






مۇسابىقىسى 11-ئاۋغۇست بېلگىيەدە باشلاندى. باشلىنىش مۇراسىمىدا كوماندىلار شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئىستىقلال مارشى ئوقۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلدى.

5-نۆۋەتلىك «شەرقىي تۈركىستان ئەركىنلىك لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسىگە جەمئىي سەككىز دۆلەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كوماندىلىرى قاتناشقان بولۇپ، 16-ئاۋغۇستقىچە داۋاملاشقان مۇسابىقىدە بېلگىيە كوماندىسى چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

پۇتبول ئۇيغۇرلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدىمۇ قىزغىن داۋاملىشىپ كەلمەكتە. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەرىيلى تۈرلۈك پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى تەشكىللەش ئارقىلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، قېرىنداشلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشقا، جەڭگىۋار، باش ئەگمەس خىسلىتىنى نامايان قىلىشقا تىرىشىپ كەلمەكتە.



# خىتاي مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئاسىيا، ياۋروپا ئەللىرىگە داۋاملىق يوللىماقتا




**خىتاي خەلقئارانىڭ تۈرلۈك بېسىم، جازالىرىغا قارىماي، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى داۋاملىق ئاسىيا، ياۋروپا دۆلەتلىرىگە توشۇۋاتقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىن ئالدىنقى يەتتە ئايدا خىتاي-ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) لىنىيەسىدە قاتنىغان نۆۋەتچى پويىز بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.4% ئاشقان.**

خەۋەردە ئالاقىدار دائىرىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپلىگەن خىتاي-ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزنى شەرقىي تۈركىستانغا توپلاش، تاموژنىدىن ئۆتۈشكە جەلپ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئالاتاۋ ۋە قورغاس تۆمۈريول چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قاتنىغان نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ سانىنى مۇقىم ئاشۇرغانلىقى، تاموژنىدىن ئۆتۈشنى كۈتۈپ تۇرغان پويىزلارنىڭ ساقلاش ۋاقتىنى قىسقارتقانلىقى دەۋا

قىلىنغان ۋە شۇنداقلا بۇندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆمۈريول تارماقلىرىنىڭ پۈتۈن مۇساپىلىك ۋاقىت جەدۋىلىدىكى خىتاي-ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتناش كۆلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدىغانلىقى، چېگرادىن كىرىپ-چىقىدىغان نۆۋەتچى پويىز سانىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا داۋاملىق توشۇلماقتا. گەرچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى» ئارقىلىق بىر تۈركۈم مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى توسقان بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسىم دۆلەتلەر بۇ جىنايەتكە سۈكۈت قىلماقتا.

***گەرچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى» ئارقىلىق بىر تۈركۈم مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى توسقان بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسىم دۆلەتلەر بۇ جىنايەتكە سۈكۈت قىلماقتا.***






# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنى ئاتالمىش «جىنايەت يىپ ئۇچى» تەمىنلەشكە مەجبۇرلىماقتا

**شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىزچىل، كەڭ كۆلەملىك داۋاملاشتۇرۇۋاتقان خىتاي ئاتالمىش «قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش» ھەرىكىتى نامىدا باستۇرۇشنى كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، يېقىندا يەنە مەخسۇس ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، خەلقنى ئاتالمىش «جىنايەت يىپ ئۇچى» بىلەن تەمىنلەشكە مەجبۇرلىغان.**


خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى خەلق تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى 14-ئاۋغۇست مەخسۇس ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئاتالمىش «قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش ھەرىكىتى»نى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، جەمئىيەتتىن ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا يىپ ئۇچى توپلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇقتۇرۇشتا كىشىلەرنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاتالمىش «قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش ئىشخانىسى»غا تېلېفون،

خەت-چەك ياكى نەق مەيداندىن پاش قىلسا بولىدىغانلىقى، مەخسۇس پاش قىلىش ساندۇقى تەسىس قىلىنغانلىقى، يىپ ئۇچى پاش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى ۋە شەخسىي ئۇچۇرلىرىنىڭ مەخپىي تۇتۇلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان.

خەلق تورىنىڭ بىر كۈن بۇرۇنقى يەنە بىر خەۋىرىدە ساقچىلارنىڭ باستۇرۇش ھەرىكىتىنى توسالغۇسىز ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش تەكىتلەنگەن بولۇپ، ساقچىلارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش جەريانىدا توسقۇنلۇققا، زوراۋانلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا، تۆھمەت قىلىشقا ئۇچرىغانلىقى دەۋا قىلىنغان. شۇنداقلا 2023-يىلىدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندىكى ساقچىلارغا ئالاقىدار 681 دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، جەمئىي 385 ساقچىنىڭ نامىنى ئاقلىغانلىقى، ھوقۇق قوغداش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساقچىلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش نوپۇزىنى كۈچلۈك قوغدىغانلىقى ھەققىدە جار سېلىنغان.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش كۆرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» ئالدىنقى ئايدا ئۇرۇمچىدە مەخسۇس يىغىن ئاچقان بولۇپ، يىغىندا ئاتالمىش «قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش»نى دائىملىق كۈرەش قاتارىدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەكىتلەنگەندى.

ختاي شەرقىي تۈركىستاندا تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن خەلقنى بىر-بىرىنى نازارەت قىلىشقا مەجبۇرلاش، ساقچىلارنىڭ توسالغۇسىز ھالدا باستۇرۇش ھەرىكىتى ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئارقىلىق، «قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش»، «مۇقىملىقنى قوغداش» دېگەندەك ناملار ئاستىدا سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.





# ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى خاتىرلەندى

14-ئاۋغۇست شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى «ئىز قالدۇرغان ئۆلىمالىرىمىز» ناملىق قەرەللىك پائالىيىتىدە، بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.



پائالىيەتتە ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ قارىھاجىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ جەدىدچىلىك ھەرىكىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان سىياسىي ساھەسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە، ئۇستاز ئالىمجان سابىرلى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەلىم-تەربىيە مېتودى ۋە مائارىپ ساھەسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم توختالدى.

ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا مەرھۇم ئالىمنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى ھەمبەھىرلەپ، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىشتى.

«ئابدۇقادىر داموللام» دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان، شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس كاشغەرىي 1862-يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك يىللىرىنى ئۆز يۇرتىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ۋە بۇخارا مەدرىسەلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن ئاقارتىش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، مائارىپ ساھەسىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا ئىلمىنى، كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلغان ۋە بۇ يولغا ھاياتىنى ئاتىغان. يېتۈك ئالىم ئابدۇقادىر داموللام 1924-يىلى 14-ئاۋغۇست خائىنلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، «جەۋاھىرۇل ئىيقان»، «ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرى-دەرسلىكلەر (1)» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇھاجىرەتتە ئەۋلاد نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

> بۇ دەۋر ئىلىم مەرىپەت دەۋرىدۇر، جاھالەت ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەستۇر.
>
> ئابدۇقادىر داموللا

# تۈركىيە پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى دىققەت تارتتى



**تۈركىيە ئىيى پارتىيەسى رەئىسى مۇساۋات دەرۋىشئوغلى تۈركىيە پارلامېنتىدا ئۈستىلىگە شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى قويۇپ، ئۇيغۇرلارغا بولغان قوللىشىنى ئىپادىلىدى.**

پەلەستىن رەئىسى مەھمۇد ئابباس 15-ئاۋغۇست تەكلىپكە بىنائەن تۈركىيە پارلامېنتىدا نۇتۇق سۆزلىگەن بولۇپ، پەلەستىن دۆلىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىنى خالايدىغانلىقىنى، نۆۋەتتە ياۋروپا دۆلەتلىرى پەلەستىن دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىغانلىقىنى، باشقا دۆلەتلەرنىڭمۇ بۇ ھەقتە ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

يىغىلىشقا ئىشتىراك قىلغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى پەلەستىن بايرىقىنى ئالدىغا قويۇپ، پەلەستىن خەلقىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئىيى پارتىيەسى رەئىسى

مۇساۋات دەرۋىشئوغلى ئالدىغا شەرقىي تۈركىستان ۋە پەلەستىن بايرىقىنى تەڭ قويۇپ، خىتايغا قارشى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى ئالاھىدە دىققەت قوزغىدى.

مەھمۇد ئابباس تۈركىيە پارلامېنتىدا سۆز قىلغاندا خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ليۇ شاۋبىنمۇ كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە يىغىلىشقا قاتناشقان بولۇپ، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ۋە بىر قىسىم خەۋەر تور بەتلىرىدە مۇساۋات دەرۋىشئوغلى ئەپەندىنىڭ تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى ئورۇندا شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنىڭ قويۇشى خىتاينىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان شاپىلاق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئىيى پارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاكتىپ قوللاپ كەلگەن بولۇپ، ئىيى پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى، گۇرۇپپا مۇئاۋىن رەئىسى مەھمەت ساتۇق بۇغرا كاۋۇنجۇ 26-ئىيۇل تۈركىيە پارلامېنتىدا خىتاي مەبلىغىنىڭ ئىقتىسادىي پايدىسى بىلەن بىرگە تۈركىيەگە ئېلىپ كېلىدىغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي يامان تەسىرلىرى ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى بىلدۈرگەندى ھەمدە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مەسىلىسىدە تۈركىيەدىكى ئاخبارات ساھەسىگە كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىدىن ئاگاھلاندۇرغاندى.

**«تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مەسىلىسىدە تۈركىيەدىكى ئاخبارات ساھەسىگە كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىدىن ئاگاھلاندۇرغاندى.»**



# خىتاينىڭ ئەڭ يېڭى تۆھمەتلىرىگە قارشى بايانات ئېلان قىلىندى

**خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تۆھمەتلىرى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى.**

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 9-ئاۋغۇست «ئامېرىكا دۆلەتلىك دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى ۋە ھەقىقىي يۈزى» ناملىق ئاتالمىش دوكلاتنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئالاقىدار بۆلەكلىرىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنغان.

دوكلاتتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى (NED) ئارقىلىق بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا، بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى دەۋا قىلىنغان. شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار بۆلىكىدە بولسا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى، شەخسلەردىن ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ۋە روشەن ئابباسنى تىلغا ئالغان بولۇپ، «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئامېرىكىنىڭ ئويۇنى» دېگەن سەپسەتىسىنى قايتا بازارغا سالغان.

ئاتالمىش دوكلاتتا دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ،

ئۇنى خىتايغا قارشى يىغىلىشلارنى تەشكىللىشكە ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خىتاي بىلەن تۈركىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇشقا كۈشكۈرتكەنلىكى ھەققىدە جار سېلىنغان.

ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان 16-ئاۋغۇست بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ بۇ ئەيىبلەشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قارىلاشنى مەقسەت قىلغان تۆھمەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇ باياناتىدا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ھېچقانداق دۆلەت، سىياسىي كۈچ ياكى چەت ئەل تەشكىلاتتىن ئىقتىسادىي ياردەم ئالمىغانلىقىنى، بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئەزالارنىڭ ئىئانىلىرى ۋە پىدائىيلىقى بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن سىرت، تۈركىيەدە ئېتىراپ قىلىنغان قانۇنلۇق بىر تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، باشقا ھۆكۈمەتلەر ۋە مۇئەسسەسەلەردىن قانۇنىي يوللار ئارقىلىق ياردەم ئېلىش ھوقۇقى بارلىقىنى قەيت قىلدى.

ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان باياناتىدا خىتاي رېجىمىنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئۆز ھوقۇقلىرىنى قوغدىغۇچىلارنى قارىلاش، يالغان ئۇچۇر تارقىتىش قاتارلىق ساختىپەزلىك تاكتىكىلىرىنى قوللىنىۋاتقانلىقىنى، ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ قانۇنىيلىقىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق مۇجادىلىسىنىڭ خەلقنىڭ قوللىشى بىلەن داۋاملىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.



# ئىستانبۇلدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

سۈتۇق بۇغراخان تەلىم-تەربىيە مەركىزى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ھەمكارلىقىدا 16-ئاۋغۇست ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىغا جايلاشقان فاتىھ جامەسىنىڭ مەركىزى زالىدا 2024-يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.







پائالىيەت ئالدى بىلەن ئابدۇجېلىل قارىھاجىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ۋە تۈركىيەنىڭ دۆلەت مارشى ئوقۇلدى.

قايسى مەكتەپلەردىكى ھەرقايسى كەسىپلەردە دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق، باكلاۋۇرلۇق ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشىنى لاياقەتلىك تاماملىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەبرىكلەش ۋە



سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى قۇرۇلۇش تارىخى ئۇزۇن، مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ دىنىي، مىللىي كىملىكىنى كۈچەيتىش، ھەرقايسى پەنلەر بويىچە تەربىيەلەشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن، ئالدىن قاتاردا مېڭىۋاتقان ئاۋانگارت تەشكىلاتلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. سۇتۇق بۇغراخان ۋەقفى تۈركىيەدىكى ھەر

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇش ھاياتىدا تېخىمۇ زور ئۇتۇق قازىنىشى ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە بۇ يىلمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

پائالىيەتكە ھەرقايسى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 18 قىز ئوقۇغۇچى، 31 ئوغۇل ئوقۇغۇچى بولۇپ، جەمئىي 49 ئوقۇغۇچى تىزىملاتتى. مۇراسىمدا ئالدى بىلەن سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە



مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئۆمەر قاراجىم ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئارقىدىن سۈتۈق بۇغراخان تەلىم-تەربىيە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئالىمجان سابىرلى تەلىم-تەربىيە مەركىزىنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە دوكلات بەردى.

مۇراسىمغا سۈتۈق بۇغراخان تەلىم-تەربىيە مەركىزىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى قاتناشقاندىن سىرت، سۈتۈق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى رەئىسى دوكتور ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر، ۋەقفىنىڭ پەخرىي رەئىسى پروفېسسور دوكتور جەلال ئەرباي، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوتسېنت دوكتور ئالىمجان بۇغدا، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان، ئىسلام ئۆلىمالار ۋەقفى رەئىسى پروفېسسور دوكتور نەسرۇللاھ ھاجىمۇفتىئوغلى، شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم، شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى رەئىسى ئابدۇلۋارىس خوتەن، كۆك ھىلال ئىنسانىي ياردەم ۋەقفىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېھىم ئەزىزئوغلى، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان ۋە باشقا كۆپلىگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى ۋە ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.

سۆز قىلغۇچىلار مائارىپ، تەلىم-

تەربىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئوقۇغۇچىلارغا ئىمان ۋە ئېتىقادنى ئاساس قىلغان، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق مەپكۇرىسىدىن تەركىب تاپقان مىللىي ئاڭنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتى.

مۇراسىم ئارىلىقىدا ھەرقايسى مەركەزلەردىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش پروگراممىسى تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، ئوقۇغۇچىلار تەييارلىغان ھەرخىل نومۇرلار كۆرسىتىلىپ، پائالىيەتنى تېخىمۇ جانلاندۇردى.




مۇراسىمدا بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىر دوكتور، 16 ماگىستىر، 12 باكلاۋۇر ئوقۇغۇچىغا ۋە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن ئون ئوقۇغۇچىغا، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىلارغا مۇكاپات تەقدىم قىلىندى. ئاخىرىدا پائالىيەت دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتى.



# خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا



**خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك خەلقئارادا بېسىمغا دۇچ كەلگەن خىتاي ھەر خىل رەزىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنماقتا. بولۇپمۇ چەت ئەلدە ياشاۋاتقان خىتايغا يېقىن ئۇيغۇرلارنى تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش، شەرقىي تۈركىستانغا بېرىشقا تەشكىللەش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھېچ يۈز بەرمىگەندەك كۆرستىشكە تىرىشماقتا.**

بۇنىڭ ئەڭ يېڭى مىسالى بولسا خىتاينىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئالدىنقى كۈنلەردە پاكىستاننىڭ راۋالپىندى، ئىسلامئاباد، گىلگىت قاتارلىق شەھەرلىرىدە ياشاۋاتقان ئون ئۇيغۇرنى مەخسۇس تەشكىللىگەن. ئۇلار پاكىستاندىن يوشۇرۇن يولغا



چىقىپ، ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان. خىتايغا سادىق مەزكۇر ئۇيغۇرلار ئۈرۈمچىدىن كورلىغا، ئارقىدىن قەشقەرگە بېرىشنى پىلانلىغان. پاكىستاندىكى خىتاي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد ناسىرخان بىلەن ئابدۇلئەزىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ بارلىق چىقىملارنى كۆتۈرۈشى بىلەن، خىتاي خادىملىرىغا ئەڭ يېقىن ئۆتۈۋاتقان ئىقبال، ئەزىمجان قاتارلىق ئون ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستان يولغا سېلىنغان.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى پاكىستاندىكى خىتاي ئەلچىخانا خادىملىرىغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان، ساختا تەشۋىقاتلىرىغا يانتاياق بولۇۋاتقان مەزكۇر ئۇيغۇرلار ئۈرۈمچىدە خىتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە: «شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، خەلق تىنچ-ئامان ياشاۋېتىپتۇ. خىتاي ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلدى، دېگەندەك خەلقئارادا تارقىلىۋاتقان سۆزلەر ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرى توقۇپ چىققان يالغان سۆزلەر» دەپ بىلجىرلاشقان.

پاكىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەقفى رەئىسى ئۆمەرخان بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلدى ھەمدە مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ پىلانى بويىچە زىيارەتكە بارغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى.

ئۇ: «بىز پاكىستاندىكى بارلىق

ئۇيغۇرلار خىتايغا يالاقچىلىق قىلىۋاتقان بۇ ئۇيغۇرلارغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمىز. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى يالغانچى، ئۇلار شەرقىي تۈركىستانغا بېرىش ئالدىدا بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ھېچكىمدىن مەسلىھەت سورىمىدى. بۇلار پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بۇلار كېچىدە يوشۇرۇن ھالدا خىتاي بايرىقىنى كۆتۈرگىنىچە شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالدىماقتا. بىز پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلار بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىپ قىلغان يالاقچىلىق قىلمىشىدىن ئادا-جۇدا. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ئېغىر كۈندە خىتاي بىلەن ھەمكارلاشقان بۇ ئۇيغۇرلارغا مۇناپىق دەپ ئات قويساق يېنىك بولۇپ قالىدۇ» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

“

**ئۆمەرخان:«شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ئېغىر كۈندە خىتاي بىلەن ھەمكارلاشقان بۇ ئۇيغۇرلارغا مۇناپىق دەپ ئات قويساق يېنىك بولۇپ قالىدۇ.»**



ئۆمەرخان پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر ئون ئۇيغۇرغا تېلېفون قىلىپ، خىتايغا يالاقچىلىق قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلغانلىقىنى، ئارقىدىن ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئەيىبلەپ ئۇچۇر يازغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ

ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى، مەزكۇر ئون ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىگە بېرىپ، ختاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ختاينىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



نۆۋەتتە ختاي يىللاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئىسلام دىنىنى ختايچىلاشتۇرۇش پىلانىنى قاتتىق ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار بارلىق ئىبادەت، پائالىيەتلەرنى قاتتىق چەكلەپ، نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەرنى قاتتىق جازالاپ زىيانكەشلىك قىلماقتا. ختاي شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىتنى چېقىۋەتكەن ياكى بۇزۇۋەتكەن. ساق قالغان بىر قىسىم مەسچىتلەر قاۋاقخانا، چايخانا دېگەندەك باشقا پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەشۋىقات ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇلغان ئاز بىر قىسىم مەسچىتلەردىمۇ ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن.

ختاي مەركىزىي سىياسىي ئىشخانىسى بۇلتۇر 8-ئايدا يەنە مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، ئىسلام دىنىغا جەڭ ئېلان قىلغان بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى قايتىدىن تەرجىمە قىلىش، قۇرئاننى كۆزى ئىدىيەسى بىلەن شەرھلەپ، سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق رەزىل پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.



# ئۇيغۇر ۋەكىلى «ئىسلام دۇنياسى ياشلار ئۈچرىششى»دا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تونۇشتۇردى

**خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئىسلام دۇنياسى ئالاقە مۇناسىۋەت مەسئۇلى مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇر ماراكەشتە ئېچىلغان، ئىسلام دۇنياسى ياشلار ئاكادېمىيەسى ئۇيۇشتۇرغان «ئىسلام دۇنياسى ياشلار ئۈچرىششى»غا قاتناشتى.**

«ئىسلام دۇنياسى ياشلار ئۈچرىششى» يىغىنى 25-ئاۋغۇست باشلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇر ماراكەشتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ باش كاتىپى، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسىي شەخسلەر ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، شۇنداقلا ماۋرىتانىيە ۋە كامېرون قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن سىياسەتچىلەر ۋە ياش ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشكەن.

يىغىن داۋامىدا مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرغان بولۇپ، ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغان.

مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇر يىغىلىشقا ئىشتىراك قىلىش جەريانىدا يەنە ماراكەش ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ باش رەئىسى ئابدۇللاھ بىن كىراننى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرغان. ئابدۇللاھ بىن كىرانىي شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ كۈچلۈك كۈنتەرتىپكە كېلىشىنى



قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇر ماراكەشنىڭ سابىق ئالاقە مىنىستىرى دوكتور ھەبىب شوبانى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تونۇشتۇرغان ۋە ماراكەش تاراتقۇلىرىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ھەققىدە پىكىرلەشكەن.

مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇر بۇ قېتىملىق سەپىرىدە يەنە ماراكەشتە ئۈچ يىلدىن بېرى گۇناھسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئىدرىس ھەسەننى قويۇپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان مەكتۇپ ۋە ھۆججەتنى ئالاقىدار مەسئۇللار ئارقىلىق ماراكەش پادىشاھىغا يەتكۈزۈشتىن سىرت، ماراكەشنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگان ۋە مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ زۆرۈر تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن، جۈملىدىن 27-ئاۋغۇست ئىدرىس ھەسەننىڭ ئادۋوكاتى مېي سىمائىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە شۇنداقلا ئىدرىس ھەسەننىڭ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئائىلىسى ئىدرىس ھەسەنگە تاپشۇرۇشنى ھاۋالە قىلغان ئامانەتلەرنى يەتكۈزگەن.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەييارلىغان مەزكۇر مەكتۇپ ۋە ھۆججەتلەردە ئىدرىس ھەسەننىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىپ ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇشى ئۈچۈن، ماراكەش ھۆكۈمىتىدىن ئىسلامىي قېرىنداشلىق ۋە ئىنسانىي مېھىر-شەپقەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇنى قويۇپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان.

ئىدرىس ھەسەن 2021-يىلى 19-ئىيۇل خىتاينىڭ تەلىپى، جۈملىدىن ئىنتېرپول خىتاينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن چىقارغان تۇتۇش بۇيرۇقى سەۋەبلىك، ماراكەش دائىرىلىرى تەرىپىدىن كاسابلانكا ئايرودرومىدا تۇتۇپ قېلىنغانىدى.




# ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر مەھەللە ئويۇنلىرى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

**25-ئاۋغۇست ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىدا «ئۇيغۇر مەھەللە ئويۇنلىرى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلدى.**

پائالىيەتنى شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۈلتۈر ۋە ئائىلە جەمئىيىتىنىڭ ياشلار گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن بولۇپ، كازىم ئۆزئالپ باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەزكۇر پائالىيەتكە باللار ۋە ئاتا-ئانىلاردىن بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. باللار مەھەللە ئويۇنلىرى ئويناپ، قانغۇچە كۆڭۈل ئاچقان بولۇپ، زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان باللار ۋە ئاتا-ئانىلار پائالىيەتنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغانلىقىنى، ئۈسمۈرلەر ئۇنتۇشقا باشلىغان ئۇيغۇر مەھەللە ئويۇنلىرىنى قايتا ئەسلىگەنلىكىنى، باللارنىڭ ئۇيغۇر مەھەللە ئويۇنلىرىنى ئويناپ ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە شۇنداقلا بۇ خىل پائالىيەتنى دائىم ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتى.

بۇ قېتىملىق پائالىيەتتە باللار چەمبەر، جىم چىق، دۈم-دۈم، قولدا يىپ ئېلىش، بەش تاش، ئوشۇق ئېتىش، ئۈچ بوغۇم، ياغاچ ئادەم، تۆتقۇلاق، توققۇز ئۆي، سەككىز ئۆي، تەپكۈچ، چامغۇر يۇلۇش، لەغمەن، ئارغامچا سەكرەش، رېزىنكە ئاتلاش، شول دەريا، ۋىژىلداق، ئاق تېرەك



كۆك تېرەك، قارا قارا قۇشلارىم، دوپپا تالىشىش، ياغلىق تاشلاش، گاگار-كالتەك قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنى ئوينىدى.

نۇزۇگۇم جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر مەھەللە ئويۇنلىرى پائالىيىتىنى تەشكىللەشنىڭ مەقسەت-نىشانلىرى، پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەشتىكى ئەھمىيىتى، بۇندىن كېيىن قانداق داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ: «شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۈلتۈر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى يېتىم ۋە تۇل ئاياللارنى ماددىي-مەنىۋى جەھەتتە قوللاپ، ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان بىر جەمئىيەت. تارىمىقىمىز تاڭنۇرى ئانا تىل مەكتىپى ئىلگىرى ‹مەھەللىمىزدىكى بىر كۈن› پائالىيىتىنى تەشكىللىگەنىدى. نۆۋەتتە ‹بالا مۇخبىرلار پىروگراممىسى›نى داۋام قىلىۋاتىمىز. جەمئىيىتىمىزنىڭ غايىسى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى دىنىي



ئېتىقادى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشتۇر. خەلقىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى بار بولۇپ، بۇ قېتىم جەمئىيىتىمىزنىڭ ياشلار گۇرۇپپىسى ئەنە شۇ ئېسىل ئەنئەنىمىزنى خەلقىمىز، بولۇپمۇ پەرزەنتلىرىمىزگە ئەسلىتىش مەقسىتىدە بۇ پائالىيەتنى تەشكىللىدى» دېدى.

ئۇ مەزكۇر پائالىيەتنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئىلاۋە قىلىپ: «بۇ پائالىيەتنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق دەۋاسىدا مۇھىم رولى بار بولۇپ، ئۇيغۇر مەھەللە ئويۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بىرلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ ئويۇن ئوينىشىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ پەرزەنتلىرىمىزگە ھەرقانداق ئىش قىلغاندا بىردەك كۈچ چىقارغان ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقى، ھەمكارلىشىش ۋە ماسلىششىنى ئۆگىتىدۇ» دېگەنلەرنى تەكىتلىدى.



# ئامېرىكا يەنە بىر تۈركۈم خىتاي شىركەتلىرى ۋە شەخسلەرنى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزدى

**ئامېرىكا يېقىندا رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدا رۇسىيەگە ياردەم بەرگەن 400 گە يېقىن شىركەت ۋە شەخسكە قارىتا جازا يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.**

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 26-ئاۋغۇست خەۋەر قىلىشىچە، ئامېرىكا بۇ قارارى ئارقىلىق رۇسىيەنىڭ مېتال ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ مەبلەغ توپلىشىنى تېخىمۇ چەكلەيدىكەن. جازالانغان شىركەت، ئورگانلارنىڭ ئوندىن بىرى خىتاي ياكى خوڭكوڭدا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان بولۇپ، بىر خوڭكوڭلۇق رۇسىيەگە پۇل يۆيۈپ بېرىش بىلەن ئەيىبلەنگەن.

ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى 23-ئاۋغۇست، يەنى ئۇكرائىنا مۇستەقىللىق كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى بۇ يېڭى جازا تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان. جازالانغان 400 گە يېقىن شىركەت ۋە شەخسلەر رۇسىيەنىڭ ئىچى-سىرتىغا تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە رۇسىيەنىڭ مۇداپىئە ۋە يەن-تېخنىكا شىركەتلىرىدىن 60 ى بار ئىكەن. رۇسىيەنىڭ سىرتىدىكى

شىركەتلەر بولسا ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرققە تارقالغان بولۇپ، بۇ شىركەتلەر رۇسىيەنىڭ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە جازالاردىن قېچىشى ئۈچۈن مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت تەمىنلىگەن، دەپ ئەيىبلەنگەن.

جازالانغان شىركەت ۋە شەخسلەرنىڭ ئىچىدە 23 شىركەت خوڭكوڭدا، 18 شىركەت خىتايدا تىزىملىتىلغان شىركەتلەر ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر ئىككى جايدىن بىردىن پۇقرا جازالانغان. ئۇلار رۇسىيەنىڭ ھەربىي سانائەت كارخانىلىرى ئۈچۈن ھەربىي-پۇقرا قوش ئىشلىتىشچان تېخنىكا ۋە ئېلېكتىر زاپچاسلىرىنى سېتىۋالغان، شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا ھۇجۇم قىلىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن، دەپ ئەيىبلەنگەن. چەت ئەل ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئورگىنى ئامېرىكىنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسىمۇ يېڭىدىن 123 شىركەت، ئورگاننى جازالاش قاتارىغا كىرگۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 42 خىتاي شىركىتى ۋە ئادرېسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خوڭكوڭدىكى ئۈچ ئادرېس «يۇقىرى خەۋپلىك يۆتكەش ئورنى» دەپ بېكىتىلگەن.



# كانادا خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىدىن 100% باج ئالماقچى

**كانادا باش مىنىستىرى جاستىن ترۇدو خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان توكلۇق ئاپتوموبىللاردىن % 100 باج ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.**



كانادا خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، كانادا باش مىنىستىرى ترۇدو 26-ئاۋغۇست نوۋا ھالىفاكس شەھىرىدە مۇخبىرلارغا كانادانىڭ خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان توكلۇق ئاپتوموبىللارغا 100% باج قويىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان پولات ۋە ئاليۇمىنغا ئايرىم-ئايرىم 25% باج قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، كانادا مۇئاۋىن باش مىنىستىرى فرىلاند خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك زاپچاسلىرىدىن باج ئېلىش توغرىسىدا 30 كۈنلۈك جامائەت پىكرى توپلىغان. مۇئاۋىن باش مىنىستىر كانادا ماشىنا ئىشچىلىرى ۋە سانائىتىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن يېتەكلەنگەن، قەستەن ئارتۇقچە ئىشلەپچىقىرىش سىياسىتى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئادالەتسىز رىقابەتكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ كانادا توكلۇق ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە دۇنيا بازىرىدىكى رىقابەت كۈچىگە زىيان سالغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بلۇمبېرگ ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، كانادا ئىقتىسادى ئامېرىكا بىلەن بولغان سودىغا قاتتىق تايىنىدىكەن. بولۇپمۇ ئاپتوموبىل سانائىتىدە ئامېرىكا بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، كانادا ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر يېرىم مىليون ئاپتوموبىلنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئامېرىكا بازىرىغا سېتىلىدىكەن. كانادا خىتاي ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارغا باج قويۇش ئارقىلىق، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان تەدبىرلەرگە ئەگەشكەن. ئەمما ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىغا قويغان باج ئامېرىكا ۋە كانادا قارار قىلغان مىقداردىن كۆپ تۆۋەن بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتايدا ئىشلەپچىقىرىلغان تېسلا ئاپتوموبىللىرىغا 9%، BYD ئاپتوموبىللىرىغا 17%، جىلى ئاپتوموبىللىرىغا 19.3%، شاڭخەي ئاپتوموبىل گۇرۇھىغا 36.3% باج قويغان.

***ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىغا قويغان باج ئامېرىكا ۋە كانادا قارار قىلغان مىقداردىن كۆپ تۆۋەن بولماقتا.***





# ئۈچىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسل دالا پائالىيىتى باشلاندى

**ئۈچىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسل دالا پائالىيىتى 24-ئاۋغۇست تۈركىيەنىڭ بولۇ ۋىلايىتىدە باشلانغان بولۇپ، پائالىيەتكە 200 گە يېقىن ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈر ئىشتىراك قىلدى.**




بۇ نۆۋەتلىك دالا پائالىيىتى شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسل ھەرىكىتى بىلەن سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ ھەمكارلىقىدا تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنگەن پائالىيەتنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەر قاتناشتى.

دالا پائالىيىتىنىڭ تۇنجى كۈنىدىكى ئېچىلىش شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى بىلەن باشلاندى.


سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى تەلىم-تەربىيە مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئالىمجان سابىرلى بىلەن شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسل ھەرىكىتى ئىدارە ھەيئىتى ئەزاسى مۇھەممەد ئەلى ئاتايۇرت ئېچىلىش سۆزى قىلدى.

پائالىيەتتە ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنى ئويناش، تۈرلۈك تېمىلاردا سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ياشلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش نىشانلانغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەتلەردىن ئوقيا ئېتىش، چېلىشىش، ئارغامچا تارتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەندىن سىرت، يەنە پۇتبول مۇسابىقىسى ئوينالدى.

پائالىيەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوتسېنت دوكتور ئالىمجان بۇغدا، بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ئۇجاتلى، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر قارىھاجىم، سەئىدىيە ۋەقفىنىڭ قۇرغۇچى رەئىسى ئۇستاز ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن، دوتسېنت دوكتور گۆكچە ئوق قاتارلىقلار زىيارەتكە كەلدى. ئۇلار ياش-ئۆسمۈرلەرگە سۆز قىلىپ، بۇ قېتىملىق جەم بولۇشتىكى مەقسەتنىڭ پەقەت كۆڭۈل ئېچىشتىنلا ئىبارەت ئەمەسلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدلىرى بولغان مۇنەۋۋەر، ئاكتىپ ياش-ئۆسمۈرلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ، قېرىنداشلىق رىشتىسىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەشتى.

27-ئاۋغۇست ئەتىگەن تۆت كۈنلۈك دالا پائالىيىتى خۇلاسىلە قىلىنىپ، ھەر خىل پائالىيەت ۋە مۇسابىقىلەردە ئىپادىسى ياخشى بولغان ئۆسمۈرلەرگە مۇكاپات تارقىتىلدى. ئاخىرىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ گۇرۇپپىسى ئۈچۈن تەشكىللەنگەن بىرىنچى باسقۇچلۇق دالا پائالىيىتىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسل ھەرىكىتى ئىدارە ھەيئىتى ئەزاسى مەردان ئۇيغۇر يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

ئىككىنچى باسقۇچلۇق دالا پائالىيىتى تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ باسقۇچ 31-ئاۋغۇستقىچە داۋاملاشتى.




# ب د ت شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتىنىڭ يېڭىلانغان نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى

**ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلارنى دەپسەندە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە چاقىردى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى 27-ئاۋغۇست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەندىشىسىنى قوزغاپ كەلگەن «مەسىلە بار قانۇن ۋە سىياسەتلەر»نى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

31-ئاۋغۇست ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسىنىڭ

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى مۇھىم دوكلاتنى ئېلان قىلغانلىقىنىڭ ئىككى يىللىق خاتىرە كۈنى بولۇپ، ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى 27-ئاۋغۇست مەزكۇر دوكلاتنىڭ يېڭىلانغان نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان. دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، ب د ت ئۆمىكى بۇ يىل 6-ئايدا خىتايغا زىيارەتكە بارغان ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى» سىياسەت ۋە جىنايى ئىشلار ئەدلىيە سىستېمىسىغا مەركەزلەشكەن.

گەرچە بۇ ھەقتە سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، بىراق دوكلاتتا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يەنىلا شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان قانۇن ۋە سىياسەتلەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك ئەندىشىسى مەۋجۇت ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. ب د ت يەنە بىر قېتىم خىتاينى دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە تېررورلۇققا قارشى قانۇنىي سىستېمىسىنى ئىنسان ھەقلىرى نۇقتىسىدىن ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈشكە چاقىرغان.





ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ۋولكېر تۈركنىڭ باياناتچىسى راۋىنا شامداسانى ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسىگە داۋاملىق دىققەت قىلىش توغرىسىدا توختالغان. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا يەنىلا مەسىلە بار نۇرغۇن قانۇن ۋە سىياسەتلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسىنىڭ يەنە بىر قېتىم دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە تېررورلۇققا قارشى قانۇنىي سىستېمىسىنى ئىنسان ھەقلىرى نۇقتىسىدىن ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈشكە چاقىرغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ۋولكېر تۈرك خىتاي بىلەن بولغان سۆھبەتتە يەنە خىتاينى تىبەت ۋە خوڭكوڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلارنى ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرغان.

# خەلقئارالىق تەشكىلات خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى جىنايەتلىرىنى توسۇشقا چاقىرىق قىلدى

خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ب د ت ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى توختىتىشنى داۋاملىق تەلەپ قىلىشقا چاقىردى.



ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى 28-ئاۋغۇست بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى داۋاملىق سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما بۇنى ئىنكار قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

باياناتتا ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى 2022-يىلى 31-ئاۋغۇستتا ئېلان قىلغان، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ئەيىبلەنگەن دوكلات ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئىككى يىللىقى ھارپىسىدا، ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ۋە ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەردىن خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى توختىتىشى ئۈچۈن بېسىمنى كۈچەيتىشىنى تەلەپ قىلغان.

باياناتتا يەنە چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بىلەن ئاساسەن ئالاقە قىلالمايۋاتقانلىقىنى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ياكى ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتىلگەنلىكىنى بىلەلمەي ياشاۋاتقانلىقىنى، بەزى ئائىلىلەر ھەتتا تۇتقۇن قىلىنغان يېقىنلىرىنىڭ ھايات ياكى ئەمەسلىكىنىمۇ جەزملەشتۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى، گەرچە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ساقچىلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ داۋاملىق ھەر خىل چەكلىمىلەرگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

> ***ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ۋە ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەردىن خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى توختىتىشى ئۈچۈن بېسىمنى كۈچەيتىشىنى تەلەپ قىلغان.***

خىتاي ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش،
مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.



ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى
جمعية تركستان الشرقية للصحافة والإعلام
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION


# شەرقىي تۈركىستاندا
# نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

**بۇ ھەقىقەتكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بوياmچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.

**www.istiqlalhaber.com | www.istiqlalmedia.com**

IstiqlalTV   info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15   +90 553 895 19 33   +90 541 797 77 00